# بەنى مەخزۇم ئايمىقىدىن بولغان بىر ئايالنىڭ ئوغرىلىق جىنايىتى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ بېشىنى قاتۇردى

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق رىۋايەت قىلغان: بەنى مەخزۇم ئايمىقىدىن بولغان بىر ئايالنىڭ ئۆتكۈزگەن ئوغرىلىق جىنايىتى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ بېشىنى قاتۇردى. ئۇلار بىر-بىرىگە كىم بۇ ئايالنى ئەپۇ قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېغىز ئاچىدۇ؟ دېيىشتى ۋە بۇ ئىشقا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تولىمۇ ياخشى كۆرىدىغان ئۇسامە ئىبنى زەيد لايىق دېدى. ئۇسامە ئىبنى زەيد پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بۇ ئىش ھەققىدە ئېغىز ئاچقان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سەن ئاللاھ بېكىتكەن جازانىڭ ئىجرا قىلىنماسلىقى ئۈچۈن شاپائەت قىلغىلى كەلدىڭمۇ؟! دەپ ئۇنىڭغا كايىدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، جامائەتكە خىتاب قىلىپ: سىلەردىن بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنىڭ ھالاكىتىگىمۇ مۇشۇنداق ئىشلار سەۋەب بولغانىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرەر ئېسىلزادە ئوغرىلىق قىلسا، ئۇ جازاغا تارتىلمايتتى. ئادەتتىكى بىرەر بىچارە ئوغرىلىق قىلسا، ئۇ دەرھال جازاغا تارتىلاتتى. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر قىزىم فاتىمە ئوغرىلىق قىلىپ قالسا، ئۇنىڭمۇ قولىنى كېسىمەن، دېدى. يەنە بىر ئىبارىدە: ئۇ ئايال كىشىلەردىن بىرەر نەرسە ئارىيەت ئالسا ئۇنىڭغا تېنىۋالاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ قولىنى كېسىشكە بۇيرىغان، دېگەن

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

بەنى مەخزۇم ئايمىقىدىن بىر ئايال كىشىلەردىن بىر نەرسە ئارىيەتكە ئېلىپ ئۇنىڭغا تېنىۋالاتتى، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر ئايالدىن ئۈنچە-مەرۋايىت ئارىيەت ئېلىپ ئۇنىڭغا تېنىۋالغان، كېيىن تەكشۈرگەندە يېنىدىن چىققان. بۇ ئىش پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە بۇ ئايالنىڭ قولىنى كېسىش توغرۇلۇق ئاللاھ تائالانىڭ قانۇننى يۈرگۈزمەكچى بولغان ئىدى. بۇ ئايال قۇرەيش قەبىلىسىدىكى يۈز-ئابرۇيلۇق جەمەتتىن ئىدى، قۇرەيش قەبىلىسى بۇ ئايالغا ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىجرا قىلىنىدىغان بۇ ھۆكۈمگە باش قاتۇردى، ئۇلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بۇ ئايالنى ئەپۇ قىلىش توغۇرلۇق بىرىنى ۋاستە قىلىپ ئەۋەتىشنى مەسلىھەتلەشتى، بۇ ئىشقا ئۇسامە ئىبنى زەيدتىن باشقىسىنى لايىق كۆرمىدى، چۈنكى ئۇنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان يېقىنى ئىدى. ئۇسامە بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھقا سۆز ئاچقاندا رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا غەزەپلىنىپ ۋە ئەيىپلەپ مۇنداق دېگەن: سەن ئاللاھنىڭ بېكىتكەن جازا قانۇننى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن ئارا تۇرماقچىمۇ؟ دېدى. ئاندىن تۇرۇپ كىشىلەرگە خىتاب قىلدى، ئاللاھنىڭ بېكىتكەن جازا قانۇننى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن ئارا تۇرۇشنىڭ خەتەرلىكنى، بۇ ئومۇمى مۇسۇلمانلارغا ئالاقىدار ئىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ دىن ۋە دۇنيالىقتا ھالاك بولىشىغا سەۋەپ بولغان ئىش ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاجىز، كەمبەغەللەر جىنايەت ئۆتكۈزسە جازا يۈرگۈزەتتى، باي ۋە نۇپۇزلۇق كىشىلەر جىنايەت قىلسا جازا يۈرگۈزمەيتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە قالايمىقانچىلىق، جىنايەت ۋە پارخورلۇق يامراپ كەتكەن ئىدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇلار ئاللاھنىڭ غەزىپى ۋە جازاسىغا ئۇچرىغان. ئاندىن راست سۆزلۈگۈچى ۋە راست سۆز ئېلىپ كېلىنگۈچى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەسەم قىلىپ ئەگەردە بۇ ئىش دۇنيا ئاياللىرىنىڭ تاجى ۋە كۆزى قىزى پاتىمەدىن يۈز بەرسە ئىدى «ئاللاھ تائالا ساقلىسۇن» رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. رەسۇلۇللاھقا ئاللاھنىڭ رەھمەتلىرى بولسۇن